

ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش

# كەنت ئۈلتۈراقلىششقا تېخىمۇ باب كەلدى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بېيىش يولى بار بولدى

## — ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ توققۇزتارا ناھىيەسى ئاغارسىن بازىرى ئاقتام كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى توغرىسىدا

### نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈلگىسى

□ مۇخبىرىمىز جەزىرە نىسبەك

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن تاشلىۋېتىپ كاردىمىز بولمامدۇ؟ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ توققۇزتارا ناھىيەسى ئاغارسىن بازىرى ئاقتام كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ جاۋابى شۇكى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، كەسىپلەرنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ زورايتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، نامراتلىقتىن ھەقىقىي قۇتۇلدۇرۇش، ھەقىقىي نامراتلارنى قۇتۇلدۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

ئۈلتۈراقلىششقا باب كېلىدىغان يېزا - كەنت **روھىي ئۇرغۇتتى**

ئاقتام كەنتى ئىلگىرى نامرات كەنت بولۇپ، 2017 - يىلى نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىغان.

لېكىن، ئاقتام كەنتى چارۋىچىلىق كەنتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى يەككە، ئۇل ئەسلىھەلىرى قالاق بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى قانداق قىلىپ مۇستەھكەملەش خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان قىيىن مەسىلە بولدى.

2018 - يىلى، ئاقتام كەنتىنىڭ ئاساسەن كوللېكتىپ ئىقتىسادىي كىرىمى يوق تىپىك «يۇچەك كەنت» بولۇشتەك ئەھۋالىغا ئاساسەن، خىزمەت ئەترىتى «ئۈچ مۈلۈك»نى ئېنىقلاشنى قانات يايدۇرۇپ، كەنت كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى جەمئىي 1 مىليون يۈەن ئاشۇردى.

كەنت كوللېكتىپىنىڭ پۇلى بار بولغاندىن كېيىن، خىزمەت ئەترىتى ئۈلتۈراقلىشىش مۇھىتىنى ياخشىلاشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ روھىي قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش مەقسىتىدە، ئالدى بىلەن كىرىمىنىڭ 70%نى كەنتنىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتتى.

كەنتتىكى ئۈچ پارچە تاقىر يەرگە 7000 تۈپ كۆكەرتىش كۆچىتى تىكتى، 1300 كىۋادرات مېتىر چىم ياتقۇزدى ھەم ياندىشتۇرۇپ 5000 مېتىر يۈركۈپ سۇغىرىش (تېمىتىپ سۇغىرىش) تۇرۇبىسى ئورناتتى... مۇھىت گۈزەللەشتى؛ كەنت ئىككى قەلبداشلار كۆۋرۈكى سالدى، 20 كىلومېتىرغا يېقىن ئاسفالت يول ياسىدى... يول يۈرۈش قولايلاشتى؛ خىزمەت ئەترىتى ئائىلىلەرنى زىيارەت قىلغاندا، ئىشنى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش، تازىلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشتىن باشلاپ قول سېلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ روھىي قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى.

ھەر دۈشەنبە كۈنى دۆلەت بايرىقى چىقارغاندا، خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى گۈلنۇر ئەكبەرقان بىر ھەپتىلىك خىزمەتلەردە بايقالغان مەسىلىلەرنى خۇلاسىلىگەندە، بەزىلەرنىڭ يۈزى قىزاردى، بەزىلەرنىڭ روھى كۆتۈرۈلدى، نېمىنى تەشەببۇس قىلىش كېرەكلىكى، نېمىدىن ۋاز كېچىش كېرەكلىكىنى كەنت ئاھالىلىرىمۇ بىر قاراپلا بىلىۋالدى، كەنت قىياپىتىمۇ ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىش بولدى.

بۈگۈنكى كۈندە ئاقتام كەنتىگە كەلسىڭىز، كۆك ئاسمان ئېگىزدىكى كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان قىزىل ئۆگزىلىك مەھەللە، تۇتاش كەتكەن چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئۆيلىرى، يانداپ سېلىنغان يەسلى، ئىككى تەرەپىگە ھەر خىل مەنزىرە كۆچەتلىرى ۋە گۈل - گىياھلار تېكىلگەن ئاسفالت يوللارنىڭ گۈزەل يېزا - كەنت مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى كۆرىسىز.

ھويلا - ئاران ئىگىلىكى **كىرىمنى ئاشۇردى**

كەنت قىياپىتى گۈزەللەشتى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشكە ئىنتىلىش ئويى تېخىمۇ كۈچەيدى.

ھەربىر كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆيىگە كىرسىڭىز، رەتلىك، پاكىز ھويلا - ئارانى، ئۆيىنىڭ ئالدىغا ياغىۇ، لازا تېرىلغانلىقىنى، ئالما كۆچىتى تىكىلگەنلىكىنى، ئۆيىنىڭ كەينىدە كالا قوتىنى، توخۇ كاتىكى ۋە ھاجەتخانا بارلىقىنى كۆرىسىز.

«ھويلا - ئاران ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەم كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھويلىسىنى گۈزەللەشتۈردى، ھەم ئۇلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كۆپەيتتى» دېدى گۈلنۇر.

2018 - يىلى، خىزمەت ئەترىتى 440 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، كەنتتىكى 89 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسىنىڭ ھويلا - ئاران ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا مەدەت بەردى. ھەربىر ئائىلىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كۆكتاتلىق بەرپا قىلىپ، توخۇ كاتىكى سېلىپ، ھەقسىز كۆكتات مايسىسى ۋە چۈجە تارقىتىپ بەردى. بۇنىڭ ئىچىدىكى باشقا جايدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن 44 ئائىلىلىكنىڭ ھويلىسىغا يەنە قىزىل خىش ياتقۇزۇپ بەردى، ئۆيىنىڭ كەينىگە پاكىز ھاجەتخانا سېلىپ بەردى.

جاڭلىسىن مۇقامەتنىڭ ھويلىسىدا، مۇخبىر كۆكتاتلىقتىكى لازا، شوخلا قاتارلىقلارنىڭ بولۇق ئۆسكەنلىكىنى كۆردى، جاڭلىسىن كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «بۇلتۇر بىر يىلدا ئۆزۈم تېرىغان كۆكتاتلارنى يەپ، نۇرغۇن پۇل تېجەپ قالدىم».

«2017 - يىلى، مەن باشقا جايدىن كۆچۈرۈلۈپ يېڭى ئۆيگە كىردىم؛ 2018 - يىلى، خىزمەت ئەترىتى ماڭا ياردەم قىلىپ ھويلا - ئارانىنى تۈزەشتۈرۈپ بەردى، مېنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىمنى ياخشىلاپ بېرىش بىلەن بىللە، يەنە كۆكتات تېرىپ، توخۇ بېقىپ پۇل تېپىشىمغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.» جاڭلىسىن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «بۇ يىل خىزمەت ئەترىتى يەنە بىز ھەربىر ئائىلىگە ھەقسىز بەش تۈپتىن ئالما كۆچىتى تىكىپ بەردى، بىزنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشقا بولغان ئىشەنچىمىز تېخىمۇ ئاشتى».

بۈگۈنكى كۈندە، ھويلا - ئاران ئىگىلىكى ئاقتام كەنتىدە ھەممە ئائىلە بەس - بەستە يولغا قويىدىغان بېيىش پىلانى بولۇپ قالدى.

ماھارەت تەربىيەسى **ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈردى**

بۈگۈنكى كۈندە، كەپشەرلەش تېخنىكىسى، كەشتىچىلىك ھۈنەر سەنئىتى، ئامانلىق ساقلاش، تۇغۇت پەرۋىشى، چوڭ تىپتىكى تراكتور ھەيدەش قاتارلىق بىر قاتار تەربىيەلەش كۇرسلىرى ئاقتام كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنى بىرەردىن ماھارەت ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

كەپشەرلەش تېخنىكىسى سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن كەنت ئاھالىسى دەۋرىن خۇرالبېك كەنتتە كەپشەرلەش دۇكىنى ئېچىپ، پۈتۈن كەنتنىڭ رەڭلىك پولات كەپشەرلەش كەسپىنى ئۈستىگە ئېلىپ، كۈندىلىك كىرىمى 200 يۈەندىن ئاشتى.

«سىرتقا چىقىپ ئىشلەش بىزنىڭ سالاھىيىتىمىزنى ئۆزگەرتتى، تەپەككۇرىمىزنى ئۆزگەرتتى. مەن ھازىر ئايدا 3700 يۈەن ئەتراپىدا مائاش ئالىمەن، تاماق، ياتاق ھەممىسى ھەقسىز. مەن ياخشى خىزمەت قىلىپ، تىرىشىپ پۇل تېپىپ كەلگۈسىدە كەنتتە قايتىپ ئىگىلىك تىكلەيمەن» دېدى خۇبېينىڭ شيەنتاۋ شەھەردە ئىشلەمچىلىك قىلىۋاتقان ئاقتام كەنت ئاھالىسى كۈلتاي تولەبلان تېلېفوندا.

«ئوغلۇم خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ شيەنتاۋ شەھىرىگە ئىشلەمچىلىك قىلىشقا كەتتى، ئالدىنقى ئايدا 3300 يۈەن ئەۋەتىپتۇ، كېلىنىم كەنتتىكى 20 كۈنلۈك كەشتىچىلىك تەربىيەلەش كۇرسىغا قاتنىشىۋاتىدۇ.» كەنت ئاھالىسى نەسىلبېك جۇتېيشاخۇن مۇنداق دېدى: «كېلىنىم ئوقۇش تاماملاپ قايتىپ كەلسە، مەنمۇ ئەتراپتىكى يېزا - بازارلارغا بېرىپ ئىشلەمچىلىك قىلىمەن. بۇ يىل بىز تىرىشىپ كۈنىمىزنى بۇلتۇرقىدىن تېخىمۇ ياخشىلايمىز».

2018 - يىلى، ئاقتام كەنتى توققۇزتارا ناھىيەسى بويىچە ئەمگەك كۈچلىرىنى ئەڭ كۆپ يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان كەنت بولۇپ، ئىچكىرى جايلارغا بېرىپ ئىشلەمچىلىك قىلغانلار 102 ئادەمگە يەتتى. بۇ يىل، ئاقتام كەنتىدىن تۇنجى تۈركۈمدە ئىچكىرى جايلارغا بېرىپ ئىشلەمچىلىك قىلغان كەنت ئاھالىسى 57 ئادەم بولۇپ، ھەممىسى تەشەببۇسكارلىق بىلەن كەنت ئاھالە كومىتېتىغا تىزىمغا ئالدۇرغان.

گۈلنۇر مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «بىز داۋاملىق ھويلا - ئاران ئىگىلىكى ۋە ئەمگەك - مۇلازىمەت چىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق، پۇقرالارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، پۈتۈن كەنت ئاھالىسىنى يېتەكلەپ بىرلىكتە ھاللىق سەۋىيەگە يۈرۈش قىلىمىز».

---

مەركەزنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش نازارەتچىلىكى - يېتەكچىلىكى شىنجاڭدا

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى كۆپ ساھەدە مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى

# بازار تىجارەت مۇھىتىنىڭ رەتلىك، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى

مۇخبىرلىرىمىز **ياڭ شۈخەن، جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاي كىرگەندىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھەرلىك بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تىببىي دورا، داۋالاش، مەكتەپلەردىكى يېمەكلىك، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى قاتارلىق كەسىپ، ساھەلەردە ئىنقىلاش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كەسىپ، ساھەلەردىكى مەنپەئەت زەنجىرى ۋە قارا، رەزىل جىنايەتنىڭ پەيدا بولۇش تۇپرىقىنى كۈچەپ يوقىتىپ، بازار تىجارەت مۇھىتىنىڭ رەتلىك، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ساھەسىدە نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش خىزمىتى بويىچە مەخسۇس تېمىلىق تەربىيەلەشنى قانات يايدۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تىببىي دورا، داۋالاش ساھەسىدە ساقلىنىۋاتقان «گۇۋاھنامە ئېبىش» قاتارلىق قالايمىقانچىلىقلارغا قارىتا تۈزەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى.

«دورا پارچە سېتىش كارخانىلىرىدىكى كەسپىي دورىگەرلەرنىڭ ‹گۇۋاھنامە ئېبىش› قىلمىشىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، كەسپىي دورىگەرلەرنىڭ ‹گۇۋاھنامە ئېبىش›ى ۋە پارچە سېتىش دورىخانىلىرىنىڭ رېتسېپلىق دورىلارنى رېتسېپسىز سېتىشى قاتارلىق قانۇن - بەلگىلىمىگە خىلاپ بىر تۈركۈم قىلمىشلارنى ئاشكارىلىدۇق.» ئۈرۈمچى شەھەرلىك بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى گەن جۈەن مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى تىببىي دورا، داۋالاش ساھەسىدىكى مەخسۇس تۈزەشنىڭ مۇددىتى يېرىم يىل بولۇپ، ئىدارىمىز ئۈرۈمچى شەھەرلىك داۋالاش كاپالىتى ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ، داۋالاش كاپالىتى ئىدارىسى تەمىنلىگەن كەسپىي دورىگەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئۇچۇرى بىلەن ئەمەلىي خىزمەت ئورنى بىردەك بولماسلىق قاتارلىق ئۇچۇرلارغا ئاساسەن، بەش كارخانىنىڭ مەسئۇلى ھەم داۋالاش ئاپپاراتلىرىدا ئىشلەيدىغان، ئەمما «كەسپىي دورىگەرلەرنى رويخەتكە ئېلىش گۇۋاھنامىسى»نى دورا پارچە سېتىش كارخانىلىرىغا ئېبىپ قويغان 20دىن ئارتۇق كەسپىي دورىگەرنى سۈرۈشتۈرۈپ، ۋاقىتلىق تەكشۈرۈش ئۈچۈن ساقلاپ، نۇقتىلىق نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئوبيېكتى قاتارىغا كىرگۈزدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى يەنە مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتى بويىچە نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، سەككىز يولغا بۆلۈنۈپ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مەكتەپ ئەتراپىنىڭ يېمەكلىك بىخەتەرلىكىگە قارىتا قانۇن ئىجرا قىلىش، تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى. نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى ئارىخىپ تەكشۈرۈش، نەق مەيداندا تەكشۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق نۇقتىلىق ھالدا مەكتەپ(يەسلى)لەرنى يېمەكلىك بىخەتەرلىكىدىكى سۈبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تۈزۈم قۇرۇلۇشى ھەم ھېسابات تىزىملىكى تۇرغۇزۇش، يېمەكلىك ئەۋرىشكىسى قالدۇرۇش، خۇرۇچ باشقۇرۇش، يېمەك - ئىچمەك قاچا - قۇچىلىرىنى يۇيۇش - دېزىنفېكسىيەلەش ھەم بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق جەھەتلەردىن تەكشۈردى.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازىرىنى مەخسۇس ئىنقىلاش، تەرتىپكە سېلىشتىكى نۇقتىلىق ساھە. 4 - ئاينىڭ بېشىدا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بەلگە ئىشلىتىشكە چېتىشلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى دېلوسىدىن بىرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، دېلوغا چېتىشلىق مال قىممىتى 1 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى ساھەنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، خەلق تۈرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك قىزىق نۇقتا، بازاردىكى قىيىن نۇقتا، ئەرز قىلىش قىزىق نۇقتىسى قاتارلىق تۈرلۈك دېلولارنى ھەر تەرەپلىمە رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق، مالىمانچىلىققا چېتىشلىق يىپ ئۇچىغا قارىتا، يىپ ئۇچىنى بويلاپ چوڭقۇر قېزىشتا چىڭ تۇرۇپ، قاتتىق جازالاپ، ئېغىر بىر تەرەپ قىلىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تۈرلۈك بازار قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس ھەرىكىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتتى.

كېيىنكى قەدەمدە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى بازار زومىگەرلىكى قىلىش، زورلاپ ئېلىش - سېتىش، ناتوغرا رىقابەتلىشىش، مونوپول تىجارەت قىلىش ھەم ساختا، ناچار تاۋارلارنى ياساش - سېتىش قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈش سالمىقىنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك بازار تەكشۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ساھەسىدىكى قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى خىزمىتىنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇپ، قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق يىپ ئۇچىنى ۋاقتىدا يۇقىرىغا مەلۇم قىلىدۇ، ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

---

# يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش گۈزەل تۇرمۇش ياراتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىلگىرىكى جاپالار پاتەمنىڭ ئېنىق ئېسىدە، يەر ئاز، ئادەم كۆپ بولۇپ، ئېرى پارچە - پۇرات ئىش قىلىپ پۇل تاپسىمۇ، بىر يىلدا ئائىلىسىنىڭ كىرىمى 30 مىڭ يۈەنگىمۇ يەتمەيتتى. قىزىنىڭ تۇغما يۈرەك كېسىلى بولغاچقا، ئۇزاقتىن بۇيان دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتاتتى. تۇرمۇشى قىيىن كۈنگە قالغاندا، پاتەم تويلۇق ئالتۇن زىبۇ - زىننەتلىرىنى كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا سېتىپ، ئائىلىسىگە ئىشلەتتى.

«ئىلگىرى كۈنلىرىمىز ناھايىتى جاپالىق ئىدى!» پاتەم يان تېلېفونىنى چىقىرىپ، ئالبومنى ئېچىپ نەچچە يىل ئىلگىرىكى بىر پارچە سۈرەتنى مۇخبىرغا كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى: «قاراڭە، مەن ھەر كۈنى غەمكىن يۈرەتتىم، ئاساسەن كۈلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدىم».

بىر كۈنى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى كۆپچىلىكنى كەنت ئاھالە كومىتېتىغا يىغىپ يىغىن ئېچىپ، كۆپچىلىككە سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. «مەن بارىمەن، ئېرىم ئىككىمىز بارىمىز» دېدى پاتەم كەنت پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسىنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ.

ئۇزاق ئۆتمەي، پاتەم بىلەن ئېرى سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىش ئۈچۈن پويىز بىلەن يولغا چىقىپ، شىنجاڭ جۇڭتەي خىمىيەسى فۇكاڭ ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسىگە ئايلاندى. «ھازىر قولۇمغا 3400 يۈەن مائاش تېگىدۇ، ئېرىمنىڭ مائاشىنى قوشسام، ھەر ئايدا 8000 يۈەنگە يېقىن كىرىم قىلىمىز» دېدى پاتەم خۇشال ھالدا.

بۇ يىل پاتەمگە ئەمىن ئۆي سېلىش نۆۋىتى كەپتۇ، ئۇ يىغقان 60 مىڭ يۈەننى ئائىلىسىگە ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. ھازىر ھەر كۈنى تېلېفون بېرىپ ئۆيىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈش ئۇنىڭ ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىنكى بىرىنچى ئىشى بولۇپ قاپتۇ. «مەھەللىمىزگە ئۆي سېلىپلا قالماي، يەنە تىرىشىپ پۇل تېپىپ ئۈرۈمچىدىنمۇ ئۆي سېتىۋېلىپ، قىزىمىزنى شەھەردە ئوقۇتۇپ، ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىمىز» دېدى پاتەم كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن قاراپ.

■ **«مېنىڭ ئۈرۈمچىدە ئۆيۈم بار بولدى»**

33 ياشلىق ئەمەتجان ماموت ئىلگىرى ئۈرۈمچىدىن ئۆي سېتىۋېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، يۇرتداشلار ھەۋەس قىلىدىغان شەھەرلىكلەردىن بولۇپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

2017 - يىلدىن ئىلگىرى، ئەمەتجان تېخى كونا شەھەر ناھىيەسى بۇلاقسۇ يېزىسىنىڭ تونباغ كەنتىدىكى دېھقان ئىدى، ئائىلىسىنىڭ يەتتە مو يېرى بولۇپ، بىر يىلدا يەر تېرىپ قىلغان كىرىمى 10 مىڭ يۈەنگىمۇ يەتمەيتتى. دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدا، ھەر تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ پارچە - پۇرات ئىش قىلىپ پۇل تاپاتتى، كىرىمى مۇقىم ئەمەس ئىدى، كۈنلىرى غورىگىل ئۆتەتتى. «بىز جاپا تارتساق ھېچقىسى يوق، بىراق بالىلىرىمىزنى ئۆزىمىزگە ئوخشاش كۈنگە قويساق بولمايدۇ. ياش ۋاقتىمىزدىن پايدىلىنىپ، سىرتقا چىقىپ پۇل تېپىپ، بالىلارغا تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك».

ئىشلەيمىز دېسەكلا، ئىشلەش پۇرسىتى ناھايىتى كۆپ. 2014 - يىلى ئەمەتجان خوتۇن، بالىلىرىنى ئېلىپ قاراماي شەھىرىنىڭ مايتاغ رايونىغا كېلىپ، بىر شىركەتتە تازىلىق ئىشچىسى بولۇپ، ئېيىغا 2000 يۈەن كىرىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ بىر ئاشخانىدا قوشۇمچە مۇلازىم بولدى.

2017 - يىلى 4 - ئايدا، دادىسى ئەمەتجانغا تېلېفون بېرىپ: «كەنتتە سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىدىغانلارنى تىزىملاۋاتىدۇ، كىرىمى مۇقىم ئىكەن» دېدى. ئەمەتجان خوتۇنى زۇلخۇمار ئابدۇۋەلى بىلەن كەنتكە قايتىپ تىزىمغا ئالدۇرۇشنى قارار قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلار بىللە شىنجاڭ جۇڭتەي خىمىيەسى فۇكاڭ ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىگە كەلدى.

ئەمەتجان ئەشيا ئوبوروتى مەركىزىگە تەقسىم قىلىنىپ، يۆتكەش - توشۇش ماشىنىسىنى ھەيدەش تېخنىكىسىنى ئۆگەندى. يۆتكەش - توشۇش ماشىنىسى تېخنىكىسىنى تېز ئىگىلەش ئۈچۈن، ئۇ دائىم ۋاقىت چىقىرىپ ئۇستىسى ۋە خىزمەتداشلىرىدىن تەلىم ئېلىپ، بارلىق ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ يۆتكەش - توشۇش ماشىنىسى مەشغۇلاتىغا دائىر ئاساسىي قائىدىلەرنى ئىگىلەپ، تېزلا لاياقەتلىك يۆتكەش - توشۇش ماشىنىسى ئىشچىسىغا ئايلاندى. زۇلخۇمار پولىئېتىلېن خلورىد سېخىغا تەقسىم قىلىنىپ، چارلاپ تەكشۈرگۈچى بولدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئىككىيلەننىڭ ئايلىق مائاشىنى قوشسا 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ.

بۇلتۇر، ئەمەتجان جۇڭتەي گۇرۇھىنىڭ كاپالەتلىك تۇرالغۇسىنى ئىلتىماس قىلىپ سېتىۋالدى، گەرچە 50 نەچچە كىۋادرات مېتىر بولسىمۇ، بىراق يېڭى ئۆيىگە كىرگەن ئاشۇ دەقىقىدە، ئۇ ھاياجان بىلەن كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ ئۈرۈمچىدە ئۆيۈم بار بولدى! بۇنىڭدىن كېيىن، مەن تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ، تېخىمۇ چوڭ ئۆي ئېلىپ، تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرىمەن».

ئەمەتجان كەنتتىكى «داڭلىق شەخس»كە ئايلاندى، ھەمىشە بەزىلەر ئۇنىڭدىن قانداق قىلغاندا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىغىلى بولىدىغانلىقىنى سورايدىغان بولدى. «مۇشۇنداق چاغلاردا، مەن ئۇلارغا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىزگە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشتا مۇشۇنداق كۆپ پۇرسەت يارىتىپ بەردى، جاپاغا چىدىساقلا، چوقۇم ياخشى كۈن كەچۈرەلەيمىز، دەيمەن».

■ **«مەن يۇرتۇم بىلەن بىللە ئۆزگىرىۋاتىمەن»**

ئامىنە ئوبۇلنىڭ ھەربىر كۈنى يېڭىلىققا تولغانىدى، چۈنكى ئۇ ھەر كۈنى تىرىشىپ ئۆزىنى ئۆزگەرتىۋاتاتتى.

ھازىر، ئۇ شىنجاڭ جۇڭتەي خىمىيەسى فۇكاڭ ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى يېقىلغۇ توشۇش سېخىنىڭ گىرىمچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر كۈنلۈك خىزمىتى گىرىنى تەكشۈرۈش، كومپيۇتېردا ھەر خىل سانلىق مەلۇماتلارنى خاتىرىلەش ئىدى. ئىككى يىل ئىلگىرى، ئۇ كېرىيە ناھىيەسى سىيەك يېزىسى قېتېدىچى كەنتىنىڭ ئاھالىسى بولۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى. 2017 - يىلى، ئامىنە كەنتتە سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىشقا تىزىمغا ئالدۇرۇپ، شىنجاڭ جۇڭتەي خىمىيەسى فۇكاڭ ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىگە كەلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ يېپيېڭى تۇرمۇشنى باشلىدى.

«مەن ئىلگىرى ئىنتايىن تارتىنچاق ئىدىم، ئادەم كۆپ يەردە، بىر ئېغىز سۆزنىمۇ قىلالمايتتىم. بۇ يەرگە كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردا، مەن ھېچنېمىنى بىلمەيتتىم، باشقىلارنىڭ مازاق قىلىشىدىن قورقۇپ، گەپ قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتىم» دېدى ئامىنە كۈلۈپ تۇرۇپ. ھازىر، باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقاندا، ئۇنىڭ چېھرىدىن كۈلكە كەتمەيدىغان، ئۆزىگە ئىنتايىن ئىشىنىدىغان بولدى.

كىرىم كۆپىيىش، سالاھىيەت ئۆزگىرىش، ئۆزىگە ئىشىنىپ كۈلۈمسىرەش... ئامىنەدىكى ئۆزگىرىش تاشقى قىياپىتىدىن ئىچكى دۇنياسىغىچە، ھەر تەرەپلىمە ئىدى. «كەلگەن دەسلەپكى ۋاقىتتا، بىز ئىش قىلساق پىلان يوق ئىدى، ھازىر ئوخشىمايدۇ، بۈگۈنكى خىزمەتنى چوقۇم بۈگۈن تۈگىتىمىز. ئىلگىرى، ئۆيدە خاتا ئىش قىلىپ قويساق، ئاتا - ئانام: ھېچقىسى يوق دەيتتى، ئۆزۈممۇ نېمىنى خاتا قىلغانلىقىمنى ھېس قىلمايتتىم، ھازىر ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، شىركەتتە بەلگىلىمە - تۈزۈم بار، خاتالىق ئۆتكۈزسەك جاۋابكارلىقنى زىممىمىزگە ئالىمىز» دېدى ئامىنە.

گەرچە ھەر كۈنى كومپيۇتېر مەشغۇلاتى قىلىدۇ، ئامىنە ئىلگىرى كومپيۇتېر بىلەن پەقەتلا ئۇچرىشىپ باقمىغاچقا، زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ئاندىن ئاساسىي مەشغۇلاتنى ئۆگەندى. مۇستەقىل ئىش ئورنىغا چىققاندا، ئامىنە يەنىلا زور بېسىم ھېس قىلدى، «سېخ مۇدىرى، ئۇستام ماڭا ناھايىتى ئىشىنىدۇ، مەن تېخىمۇ ئەستايىدىل بولۇشۇم، قەتئىي خاتالىق سادىر قىلماسلىقىم كېرەك.» بۇنداق مەسئۇلىيەتچانلىق بولغاچقا، ئامىنە تېخىمۇ تېز ئىلگىرىلەپ، ئۈچ - تۆت ئايدىن كېيىن كومپيۇتېردا پىششىق مەشغۇلات قىلالايدىغان بولدى.

ئەتراپىدىكى نۇرغۇن خىزمەتدىشى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن بولۇپ، ئامىنە ئۇلارغا ناھايىتى ھەۋەس قىلاتتى. ھازىر، ئۇ ھەر كۈنى ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگىنىپ، ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ.

ئامىنەنىڭ يۇرتىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. بۇ يىل 3 - ئايدا، ئۇ يۇرتىغا قايتىپ ئاتا - ئانىسىنى يوقلىغاندا، يۇرتىدا چوڭ تىپتىكى كىيىم - كېچەك پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇلغانلىقىنى بىلدى. بۇ جۇڭتەي گۇرۇھى بىلەن ئىچكىرىدىكى بىر كارخانا ئورتاق قۇرغان جۇڭتەي دۇڭجەن كىيىم - كېچەك پاي چەكلىك شىركىتى بولۇپ، 520 كەنت ئاھالىسى يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلاشقانىدى، بۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ كارخانا يەرلىكتىكى 1500 كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىكەن.

بۈگۈنكى كۈندە، پۈتۈن كەنتتىكى ھەربىر ئائىلىدىن بىردىن كىشى بۇ كارخانىدا ئىشقا ئورۇنلىشىپتۇ. ئامىنەنىڭ يەڭگىسى ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ساۋاقدىشى ئىشقا چۈشۈپتۇ ياكى تەربىيەلىنىۋېتىپتۇ، ئۇلار ئامىنەگە ئوخشاش دېھقاندىن سانائەت ئىشچىلىقىغا ئايلىنىپتۇ. «مەن يۇرتۇم بىلەن بىللە ئۆزگىرىۋاتىمەن، كەلگۈسى تۇرمۇشىمىزنىڭ كۈندىن - كۈنگە ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن» دېدى ئامىنە.

# سىرتقا چىقىپ ئىشلەش روھىي كەيپىياتنى ئۆزگەرتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۇلار يېزىلاردىن شەھەرلەرگە كېلىپ، ئېتىزلىقلاردىن سېخلارغا كىرىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، كىرىمنى ئاشۇردى، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئارزۇسى تولۇپ تاشتى، روھىي كەيپىياتىدىمۇ ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى.

كارخانىدا نۇقتىدا تۇرۇپ زىيارەت قىلغاندىن بۇيان، ئۇلارنىڭ خىزمىتى ۋە تۇرمۇشىنىڭ جىددىي ھەم قانۇنىيەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ كىتاب ئوقۇپ، ئۆگىنىش قىلىۋاتقانلىقىنى، ئىچكى دۇنياسىنىڭ تېخىمۇ بېيىۋاتقانلىقىنى، بەخت كۈلكىسىنىڭ ھەر ۋاقىت چېھرىدە جىلۋىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بۇ خىل ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن روھىي كەيپىيات دەل يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشتىكى قۇدرەتلىك كۈچ. مۇشۇنداق روھىي كەيپىيات بولغاندىلا، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش تېخىمۇ ئاساسقا ئىگە بولىدۇ!